السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، قىيىنچىلىقنى يوقاتقىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها بايان قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېسەلنى يوقلىغاندا ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ: «ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، قىيىنچىلىقنى يوقاتقىن، شىپالىق بەرگىن، سەن شىپالىق بەرگۈچىسەن، سېنىڭ شىپالىقىڭدىن باشقا شىپالىق يوق، كېسەلنى قويمايدىغان شىپالىقىڭنى (تىلەيمەن)» دېگەن دۇئانى قىلاتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ قالغان ئاياللىرىنى يوقلىغاندا كېسەلنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ بۇ دۇئانى قىلاتتى: «ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى»، ئاللاھ تائالانىڭ پەرۋەردىگارلىق سۈپىتىنى تىلغا ئېلىپ يىلىناتتى، ئۇ ياراتقۇچى، ئىگە بولغۇچى، بارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى پەرۋەردىگاردۇر. «قىيىنچىلىقنى يوقاتقىن»، قىيىنچىلىق بىمارغا چۈشكەن كېسەل. شىپا بېرىش: كېسەلنى ئۇنىڭدىن يوق قىلىش ۋە ساقايتىش. شىپالىق بەرگۈچى: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسملىرىنىڭ بىرى، چۈنكى ئۇ كېسەللەرگە شىپالىق بېرىدۇ. «سېنىڭ شىپالىقىڭدىن باشقا شىپالىق يوق»، يەنى: ھەقىقى شىپالىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا شىپالىق يوق، مەخلۇقنىڭ قىلغىنى پەقەت سەۋەپ، شىپالىق بەرگۈچى بولسا ئاللاھ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن كېسەل قويمايدىغان تولۇق شىپالىق بولۇشنى تىلىگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5542

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee